# چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانغاندا؛ بەش ۋاقىت نامازلار، جۈمە يەنە بىر جۈمەگىچە، رامىزان يەنە بىر رامىزانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى كىچىك گۇناھلارغا كاپارەت بولىدۇ

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: «چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانغاندا؛ بەش ۋاقىت نامازلار، جۈمە يەنە بىر جۈمەگىچە، رامىزان يەنە بىر رامىزانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى كىچىك گۇناھلارغا كاپارەت بولىدۇ».

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەرئەلەيھسسالام: ئىنسان چوڭ گۇناھلاردىن ساقلىنىش شەرتى بىلەن؛ كېچە ۋە كۈندۈزدە ئادا قىلىنغان بەش ۋاقىت ناماز، ھەر ھەپتىدە ئادا قىلىنغان جۈمە ۋە ھەر يىلى تۇتۇلغان رامىزان روزىسى ئارىلىقتىكى كىچىك گۇناھلارغا كاپارەت بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. ئەمما زىنا، ھاراق ئىچىش قاتارلىق چوڭ گۇناھلار پەقەت تەۋبە قىلىش بىلەن كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3591

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee